
دۆربىلجىن ناھىيىلىك 4ـ ٴوتتۇرا مەكتەپىنىڭ تويىغا سوغا
ٴىز ۋە تەرەققىيات
(مەكتەپ ٴوقۋشىلۋقى سىناق نۇسخا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەكتەپ تەلىمى :

سەمىمى بولۇپ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشتا ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك .

مەكتەپ ئىستىلى :

تەرتىپلىك بولۇپ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن بولۇش كېرەك.

ئوقۇتۇش ئىستىلى :

كەسىپنى ھۆرمەتلەش ئەستايىدىل،ئېھتىياتچان ۋە بىلىملىك بولۇش.

ئۆگىنىش ئىستىلى :

ئىجتىھات بىلەن كۆپ سوراش تەپەككۇرغا ماھىر جاپاغا چىدامچان بولۇش.

校训：诚信立身，自信成事

校风：和谐有序，，昂扬向上

教风：敬业严肃，博学善导

学风：勤学好问，善思苦练

دۆربىلجىن ناھىيىلىك 4-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تويىغا سوغا

# ئىز ۋە تەرەققىيات



(مەكتەپ ئوقۇشلۇقى سىناق نۇسخا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەكتەپ ئوقۇشلىقىنى تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

گۇرۇپپا باشلىقى : جاڭ شاۋ بو

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى: پەرھات ئابدۇكېرىم

غەيرەت ھىسامىدىن

ئەزالار: مېھرىگۈل باراتجان مەدىنىيە ئابلىمىت

شۆھرەت ھۇسەن غەيرەت ئابلىمىت

پەرغەنە ئابدۇراخمان

مەسلىھەتچىلەر: جېلىل ئابلەم توختاخۇن ھەسەن

گايىت كېرەم دولقۇن روزى

شۆھرەت قاسىم

نازارەتچىلەر: سۇن خوڭ جاڭ

پەرھات ئابدۇكېرىم

ئېركىن قازى

رەتلەپ يازغۇچى : تەلئەت ۋارىسى

خەت ۋە رەسىم كىرگۈزگۈچى: مەدىنىيەئابلىمىت

كوررېكتور: مەدىنىيە ئابلىمىت ئالىيە سەمەت

كىتاب، مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى ۋە رەتلىگۈچى: شۆھرەت ھۇسەن

فوتوگراف: دىليار ئابلىكىم

# مەكتەپ مارشى

تەلئەت ۋارس

(1)

بۇ چىلان تۇپراق گۈزەل زىمىندا،
ئەجدادىم كارۋان ئىزلىرى قالغان.
مەرىپەت بۆشۈكى «مەريەم» روھىدىن،
غۇنچىلار پۇرەكلەپ گۈللەر ئېچىلغان.

(2)

بىز ئاشۇ ئىزلاردىن يېتىلگەن باغۋەن،
قەلبتە ئىلىمنىڭ مەشئىلى يانغان.
يۇرتۇمنىڭ تاغ-دەريا ئىدىرلىرىدا،
ئەجدادلار مۇقەددەس كۆيلىرىن چالغان.

(3)

ۋۇجۇدۇم ئۆركەشلەر گويا ئىملدەك،
تارىختىن كۈچ ئالغان ئۇنىڭ ئەۋجى.
شۇ ئىمىل ۋارىسى ئەۋلادلىرى بىز،
ئۇرغۇيدۇ دىللاردىن بىلىم ھەۋىسى.

(4)

باغۋەن بوپ ياشىدۇق،ياشايمىز يەنە،
بۇ بىزگە ئەجداتتىن قالغان ئەنئەنە.
پەرزەنتلەر كەلگۈسى باغلانغان بىزگە،
بۇ يولدا داۋانلار ئاشىمىز يەنە.

(5)

كەل قەۋىم،بوۋىلار روھى بار بىزدە،
قول تۇتۇپ ماڭايلى ئېرپان يولىدا.
بىلىمگە ئىنتىلغان ھەر بىر قەلبىنىڭ،
يول باشلار مايىكى،مەشئىلى بىزدە.



دۆربىلجىن 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ
1986
额敏县第四中学



مەكتەپ بەلگىسى

www.uyghurkitap.com



كىتاپ يېزىش

گۇرۇپپىسى مۇزاكىرىدە



غۇلجا شەھىرىدە

ماتېرىيال ئىزدەش



ئۈرۈمچى شەھىرىدە

ماتېرىيال ئىزدەش



ئويغۇر قىزلار دەرىسخانىسى (1940 ـ يىلى)



سىنىپ تازىلىقى (1941ـ يىلى)

www.uyghurkitap.com



ئوقۇش پۈتتۈرۈش
خاتىرىسى
(1941-يىل)




ئاياللار بىرلەشمىسى ئەزالىرى
ۋە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار
(1942-يىل)



ئانىلار ئۇيۇشمىسى
(1943-يىل)



1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 1940 ـ يىللاردىكى
«ئۇيغۇر ئەرلەر مەكتىۋى» ئوقۇتقۇچىلىرى

www.uyghurkitap.com



ئايرۇپلان شەكىللىك سەپ تۈزۈش (1940 ـ يىلى)



تۈز سەپ تۈزۈش (1940 ـ يىلى)



1950 ـ يىللاردىكى زىيالىلىرىمىز



№ 10

ماختاش كاغذى

صنف اوقوچیسی ___ اوغلی ___ اوقش یلندا

فەنلەر بوینچە یللق امتحاندین اعلا دەرەجە ... اخلاقی یاخشی بولغانلیغی اوچون :

اوشبو ماختاش کاغذی بیرلدی .

ناحیە

مکتب مدیری :

صنف مدیری :

1950 ـ یل 5 ـ ئای 22 ـ کون

1940 ـ 1950 ـ يىللاردىكى «تەغدىرنامە»

www.uyghurkitap.com



1963 ـ يىلدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى




1964 ـ يىلدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى



بايرام تەنتەنىسى (1965 - يىلى)



پاراتتىن ئۆتۈش (1977-يىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىزغىن مۇزاكىرە (1980 ـ يىللار)



يۇرتىمىزنىڭ قەدىمىي قۇرلۇش ئۆلگىسى







ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى
خىزمەت تەكشۈرمەكتە

www.uyghurkitap.com





ناھىيە رەھبەرلىرى خىزمەت تەكشۈرمەكتە





ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى خىزمەت تەكشۈرمەكتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com











مەكتەپ پارتىيە ۋە مەمۇرىيەت يىغىنى








# دەرسخانە پائالىيىدىن ئارىيە

www.uyghurkitap.com










ئىتتىپاق ۋە پىئونېرلار پائالىيىتى













ئوقوتقۇچلار پائالىيىتىدىن ئارىيە

www.uyghurkitap.com















مەكتەپ سەنئەت پائالىيەتلىرىدىن ئارىيە










ھەربىي مەشق ۋە ئامانلىق مەشق پائالىيىتى

www.uyghurkitap.com



ئەمگەك پائالىيىتى






مۇكاپاتلاش پائالىيىتى

www.uyghurkitap.com












تەنتەربىيە پائالىيىتى







مەكتەپ پۇتبول كاماندىسى

www.uyghurkitap.com









مەكتەپ نورۇز بايرىمى پائالىيىتى







مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى

www.uyghurkitap.com





مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانى

مۇندەرىجە


**ئىلاۋە ........................................ 1**

**مەكتەپ ئوقۇشلۇقىنى يېزىش جەريانىدىكى نۇقتىلار ........................ 5**

پايدىلانغان ماتېرىياللار مەنبەسى................................ 8

**دۆربىلجىن ناھىيىسى توغرىسىدا ................................ 9**

ئاساسلىق تاغلاردىن ........................................ 11

ئاساسلىق دەريالار ........................................ 12

مىللەتلەر توغرىسىدا ........................................ 13

ئېمىل توغرىسىدا سۆز ........................................ 18

دۆربىلجىن دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا................................ 19

ئېمىل شەھرى قورغىنى (سېپىلى) توغرىسىدا........................ 21

**يۇرتىمىزدىكى تارىخىي ئىزنالار ۋە ساياھەت ئورۇنلىرى:........................ 26**

قىيا تاش رەسىملىرى توغرىسىدا ................................ 26

ناھىيىمىزدىكى بالبال تاشلار ................................ 28

قەدىمكى قەبرىلەر ........................................ 30

مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نۇقتىلىرى ................................ 31

**ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېمىل ۋادىسىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا.................. 38**

ئېمىل دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ................................ 40

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەھەر بەرپا قىلىشقا قوشقان تۆھپىسى ........................ 46

**ناھىيە بازار ئىچىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ۋە مەھەللە كوچا قەدىمي ناملىرى**

**توغرىسىدا:................................................ 53**

**يېقىنقى زامان مائارىپىغا تەسىر قىلغان ئامىللار ................................ 60**

دۆربىلجىن ئۇيغۇر مائارىپى توغرىسىدا................................ 62

سوفىيە ئابىستاي مەكتىپىدىكى ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى مەزمۇنلار...... 64

1917 ـ يىلدىن 1920 ـ يىللاردا قۇرۇلغان كوللىكتىپ ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەردىكى

ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 69

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر ........................ 73

1930 ـ 1935 ـ يىللاردىكى ئوقۇتۇش ئالاھىدىلىكى ........................ 76

مەرىپەت مەشئىلى «مەرىيەمىيە مەكتىپى» ........................ 81

1935 ـ يىلدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەكتەپلەرنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى توغرىسىدا ........ 84

تەنتەربىيە ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە: ........................ 90

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مائارىپىمىزنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى ........ 95

**ئازاتلىقتىن كېيىنكى مائارىپىمىز ........................ 124**

(1949 ـ 1956) يىللاردىكى مائارىپىمىز ........................ 124

(1975 ـ 1986) يىللاردىكى مائارىپىمىز ........................ 137

ئىسلاھات ئىشكىنى ئاچقاندىن كېيىنكى مائارىپىمىز ........................ 141

**دۆربىلجىن ناھىيىلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........................ 160**

**ئېمىل پەرزەنتلىرى ........................ 169**

ئىنقىلاب دەۋرىدىكى پىشقەدەملىرىمىز ۋە ھەربىي قوماندانلىرىمىز ۋەكىللىرى ... 169

مائارىپ خىزمىتىدە ئىشلىگەن پىشقەدەملىرىمىز ۋەكىللىرى ........................ 181

زىيالىلىرىمىز ۋەكىللىرى ........................ 185

يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىز ۋەكىللىرى ........................ 203

مەمۇرى ئورگانلاردىكى ۋەكىللىرىمىز ........................ 210

مىدىتسىنا ساھەسىدىكى ۋەكىللىرىمىز ........................ 217

تەنتەربىيە ۋە مەدىنىيەت ساھەسىدىكى ۋەكىللىرىمىز ........................ 223

يېڭى دەۋر كارخانچىلىرىمىز ۋەكىلى ........................ 227

چاقنىغان چولپانلىرىمىز ........................ 233

**پېنسىيونېرلار تەرجىمھالى ........................ 235**

پېنسىيونېر ئوقۇتقۇچىلار تەرجىمھالى ........................ 235

مەكتىپىمىز ئارقا سەپ خىزمىتى ئىشلىگەن شەرەپلىك پېنسىيونېرلىرىمىز ئوبرازى ........................ 249

**مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ........................ 254**

**خاتىمە ........................ 271**

# ئىلاۋە

**ـ كەلگەن يولۇڭنى ئۇنۇتساڭ، كېتىۋاتقان يولۇڭدا غايىپ بولىسەن ...**

**(ئاقىللار تىلىدىن)**

**ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى ئەسىرلەردىن تارتىپ مىراس بولۇپ داۋاملاشقان هەر بىر دەۋرde شۇ دەۋرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن،ئىجتىمائىي شارائىتىدىن،تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ۋە خاس مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ توقۇنۇشى ۋە يۇغۇرۇلىشى، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىدىن ئىبارەت جەريانلار ئارقىلىق ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ تارىخى سەھنىلەردە مەشئەل كەبى يانىدۇ ياكى چاقماق كەبى يالت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.**

**مەيلى ئۇ قانداق خاراكتېردىكى مەدەنىيەت هاسىلاتى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر شۇ مەدەنىيەت هاسىلاتلىرىغا ئۆزى ئاپىردە بولغان شۇ دەۋرنىڭ «تامغىسى» بېسىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.....**

**مەدەنىيەت تارىخنى ئەسلەش،خاتىرلەش،تەربىيە ئېلىش ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش،كېينكىلەرگە قالدۇرۇش هەتتا تەنقىدىي تەربىيە ئېلىشتا بولسۇن تارىخى مەدەنىيەت ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز،قەدىمدە « ئېمىل دىيارى» دەپ ئاتالغان ناهىيىمىز دۆربىلجىن ـ ئەنە شۇنداق ئۆزىنىڭ قەدىمىي «يىپەك يولى» تۈگۈنلىرى ۋە شۇ تۈگۈنلەردىكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى،سىڭىشىشى،شۇنداقلا قەدىمىي « يايلاق مەدەنىيەت» لىرىنىڭ يۇغۇرۇلىشىش**

www.uyghurkitap.com

دەۋرىيلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ«يايلاق مەدەنىيىتى»دەۋرى ۋە ئولتۇراقلاشقان « تۇرغۇن» مەدەنىيەت باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ھازىرقى دەۋرگىچە ئېمىل دەرياسىنىڭ ئۇزۇلمەس ئېقىنلىرىغا ئوخشاش ئۆزىگە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى سىڭدۈرۈپ كەلگەن،جۈملىدىن بۇ زېمىندا مىلادىيدىن ئىلگىركى ساكلارنىڭ ۋە ھونلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاتلىق قوشۇنلىرى « يىپەك يولى» دىكى سوغدىلارنىڭ،تۈركلەرنىڭ،خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرى سودا كارۋانلىرىنىڭ قوڭغىراق،كولدىرما ئاۋازلىرى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇڭغۇل ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى بىلەن ئۆزىنى تاۋلاپ بۇ مۇنبەت زېمىننى مۆجىزىلەرگە تولدۇرغان......

يېقىنقى دەۋرلەردە بۇ يۇرتقا ئەنە شۇ قەدىمي تارىخنىڭ داۋامى سۈپىتىدە جاھاننىڭ ھەر قايسى گىرۋەكلىرىدىن ھەر خىل مەقسەتتە ھەر خىل قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەر خىل ئىرىق،ھەر خىل قەبىلە ۋە ھەر خىل مىللەت توپىغا مەنسۇپ بولغان ئادەملەر ۋە ئادەملەر توپى ئۇزۇلمەي كېلىپ كېتىپ تۇردى،مۇشۇنداق ئۇزۇلمەس تارىخي ئېقىن مۇجەسسەملەنگەن بۇ زېمىندا ئۇمۇملىقنىڭ ئىچىدىكى خاسلىقى بولغان يەرلىك مەدەنىيەت ۋارىيانتلىرىنى پەيدا قىلىپ ئېلىمىزدە جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك،تارىخي جەريان،ئۆرپ ـ ئادەت،پەن ـ مەدەنىيەت سەھىپىلىرىنى ئاچتى ۋە ئاچماقتا...........

ئەلۋەتتە،دۇنيا قەدىمي مەدەنىيەت ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئانا زېمىندا ئۆز كارۋانلىرى بىلەن چەكسىز كەتكەن ئېمىل دىيارى يايلاقلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ چارۋىچىلىق،دېھقانچىلىق،سودا ـ سېتىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆچمەس خاتىرە قالدۇرۇلغان، **18**ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدىكى بازار ئاساسىدىكى مۇقىم ئولتۇراقلىششتىن ھازىرغىچە بۇ ئانا زېمىندا تېخىمۇ يىلتىز تارتىپ ۋە تارىخي سەھىپە

ئېچىپ، مەدەنىيەتلەر ئۇچۇرىشىشى،مىللەتلەر ئارلىشىشى،مىللەتلەر ئىناقلىقى قاتارلىق ماهىيەتلىك،ئادىمىيلىك پائالىيەتلەردە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان، ھەمدە ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت كاتاگورىيىسى بىلەن باشقا مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسۈتۈپ كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ ئىسلاھات ئىشكىنى ئېچىۋېتىش « بىر يول ،بىر بەلۋاغ» تەرەققىيات نىشانى ئوتتۇرغا قويۇلغاندىن بۇيان،بۇ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى يۇرت باشقىدىن جانلاندى ۋە ھاياتى كۈچكە تولدى ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئېقىنىدىكى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «جۇڭگو ئارزۇسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى سەھنىسىگە ئايلاندى،جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يۇرتنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھىيىمىزدىكى ھەر ساھە،ھەر كەسىپلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان يۇرتىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت،مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ شارائىتتا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولۇش،ئۆتكەن تارىختىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ روھىنى ھازىرقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ۋە تارىخىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز دەپ قارىدۇق...

مائارىپ ـ ئۇ مەنىۋىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، تاق يۆلۈنۈشلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە،ئىپتىدائىيلىقتىن زامانىۋىلىققا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت تەرەققىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ،ھەر قايسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەۋرلەردە ھە خىل شەكىل ۋە مەزمۇن بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن، چۈنكى ئىنسانىيەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تا ھازىرغىچە تەربىيلەش ۋە تەربىيلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ھەممە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ تاكامۇللىشىشىغا ئەگىشىپ ماس ھالدا ھەرخىل مائارىپ ئەندىزىلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان ھەممە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئىنسانىيەت مائارىپىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا ھەر خىل شەكىلدىكى مائارىپ ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تاكامماللاشتۇرۇپ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئېقىنىغا گۈل تاجى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا بىز قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئەنە شۇ تارىخىي مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولغان مائارىپ جۈملىدىن «دۆربىلجىن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى» توغرىسىدا توختالماقچى بولدۇق، چۈنكى ھازىرقى « دۆربىلجىن 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ» نامىدىكى ئۇيغۇر تىل ئاساسىدىكى پۈتۈن كۈنلۈك ئوتتۇرا مەكتەپ،بۇ يەردە ياشىغان ۋە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى غايەت زور بولۇپ، بۇ تارىخنى ئەسلەش ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى، چوڭ ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناق،سىجىل تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى، ھازىرقى زامان قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇش،دىننىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ پەن بىلەن ئۆزىنى قۇراللاندۇرۇپ روناق تاپقان، ئىناق ـ ئىتتىپاق دۆربىلجىن قۇرۇپ «جۇڭگو ئارزۇسى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ياخشى مەكتەپ دەرسلىكى ۋە بىر تارىخى خاتىرە بولۇپ قالغۇسى.....

# مەكتەپ ئوقۇشلۇقىنى يېزىش جەريانىدىكى نۇقتىلار

1.بۇ كىتاپ مەكتەپ ئوقۇشلۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن كىتاپ مەزمۇنىغا ناھىيىمىزنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقا بايان بەردۇق.

2.كىتابقا بەزى تارىخىي خاتىرلەرنى كىرگۈزۈش ۋە مىللەت تارىخىنى كىرگۈزۈش ئاساسىدا ئوقۇغۇچىلارغا يۇرتنى سۆيۈش روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئۇلاردىكى يۇرتقا بولغان كۆيۈنۈشنى ۋە خىزمەت قىلىشنى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىكىنى بېرىش مەقسەت قىلىندى.

3.بۇ كىتابقا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز مىللەت دائىرىمىزدىكى مائارىپ تارىخىمىز ۋە ئەھۋالىمىزنى يازغانلىقىمىز ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ شانلىق مائارىپ تارىخىنى يېزىش مەقسەت قىلىنمىدى. چۈنكى بۇ مىللەتلەرمۇ ئۆز دائىرىسىدىكى مائارىپ تارىخىنى يازدى ۋە يېزىۋاتىدۇ.( شۇ كىتابلاردىن پايدىلانسا بولىدۇ)

4.بىز كىتاپ يېزىش جەريانىدا ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمهالىنى كىتابقا كىرگۈزۈشنى لايىق تاپتۇق. بۇنىڭدا ئاساسلىقى سەھىپىنىڭ چەكلىكلىكى كۆزدە تۇتۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇئاۋىن پىرافىسسورىدىن يۇقىرى ئۇنۋانى، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ئەمىلىي خىزمەتتىكى مۇئاۋىن ھاكىمدىن يۇقىرى دەرىجىسى، سەھىيە ئورۇنلىرىدىكى مۇدىر ۋاراچ ئۇنۋاندىن يۇقىرى ئۇنۋانى، پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى تەتقىقاتچى خىزمىتىدە ئىشلەۋاتقانلاردىن يۇقىرى ۋە بەزى كۆزگە كۆرۈنگەن تەنتەربىيە تۆھپىكارلىرى (يۇقىرى ئۇنۋانى بولمىسىمۇ) قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5.ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا مائارىپ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئەجدات،ئۇستازلىرىمىز ۋە مائارىپ تارىخى ئاساسچىلىرىمىز ئامال بار قېزىلدى ۋە كىتابقا كىرگۈزۈلدى. لېكىن تولۇق ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە ئايان رېئاللىق، چۈنكى يىللار بوران ـ چاپقۇنلىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىز ـ دېرەكسىز يوٗتۇپ كەتتى...

6.ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ ،40 ـ يىللىرىدىكى پىشقەدەملىرىمىزنى يازغاندا يەنىلا يۇقىرقىدەك ئەھۋال ئاستىدا يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى...بۇندىن كېيىن يەنە ئىزدىنىش باسقۇچى بولىدۇ. 40 ـ يىللاردىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىنقىلابقا قاتناشقان چوڭلىرىمىز توغرىسىدا ھازىرمۇ ئىزدىنىشكە تىرىشىۋاتىمىز، بۇندىن كېيىن يېڭى ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلىمىز.

7.ئەينى دەۋردە ياشىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرىمىز توغرىسىدا ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق. لېكىن بۇمۇ مەزمۇن ئېھتىياجى ئاساسىدا بولدى. تېخىمۇ ياخشى توغرا بولغان ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ خاتىرە ئېلىپ قويۇشقا تەقەززارمىز...

8.يېڭى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ناھىيىمىزدىكى بىر قانچە كارخانچىلىرىمىزنى تونۇشتۇردۇق، بۇلار يۇرتىمىزدىكى مەرىپەت سۆيەر، مائارىپ ۋە خەلق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان خەلق ۋەكىلى. ئۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن شەخس ۋە ئىلغار پىكىرلىك چوڭلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىز ئومۇمىي خەلق ساخاۋەت ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمدەمدە، بۇ ھەممىگە ئايان...لېكىن بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا: كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىغا تارىخىي ئەسلىمە قالدۇرغان (مەيلى ئېغىزچە ۋە يازما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) تۆۋەندىكى پىشقەدەملىرىمىزگە رەھمەت ئېيتىمىز، بۇلار تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، تونۇگۈننى بۈگۈنگە باغلىغۇچىلاردۇر.

① يازما ماتېرىيال بىلەن تارىخ قالدۇرغان ئۇستاز ئابلەت مازىيتوف.

②ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئوقۇغۇچى مەممەت پاياندىھاجى، سۇلايمان پاياندىھاجى، ئەھمەت ئاكا...

③30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى زىۋىتاي قۇربان (يۇنۇس قىزى)، گۇلسۇم ئاپپاي.....

«ئۇيغۇر ئەرلەر مەكتىپى» نىڭ 30 ـ يىللاردىكى ئوقۇغۇچىسى،پىشقەدەم مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مىجىت داۋۇتهاجى، پىشقەدەم مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئابدۇغۇپۇر ھەسەن، پىشقەدەم مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى جۇمىتاي ئۆمەرئاخۇن...قاتارلىقلارغا، ئۇندىن باشقا 50 ـ يىللاردىكى مائارىپ تارىخىمىزدىكى شەخسلەرنى تېپىش ۋە ئۇلارنى رەتلەشكە ماسلاشقان پىشقەدەم زىيالىي توختاخۇن ھوشۇر مۇئەللىمگە ۋە كىتاپ يېزىش ئىشلىرىمىزغا مەنىۋىي رىغبەتلەرنى بېرىپ تۇرغان ئەل سۆيەر ياش رىشات مىجىت ھاجىمغا تەشەككۇرلەر بىلدۈرىمىز...

9.ئابدۇجېلىل مۇئەللىم باشلانغۇچ مائارىپ تارىخىنى يېزىشقا ئالاھىدە كۆچ چىقارغان بولۇپ بۇ ئۇستازىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ. (ئىلى تارىخىي ماتېرىيالىدىكى ئابدۇجېلىل ئابلەم ۋە تەلئەت ۋارس نامىدىكى تارىخىي ماتىرىيال) بۇ كىتابىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ئاساسى بولۇپ قالدى.

10.تارىخىي ئىزنالار ۋە ئەسلىمىلەر شۇ دەۋرىنىڭ كارتىينىسى بىلەن تېخىمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ توغرىسىدا 30 ـ يىللاردىكى ئوقۇغۇچى، 40 ـ يىللاردىكى ئۇستاز مەممەت رەھمەتۇللا ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مەۋلۇت داۋۇتهاجىغا چۇڭقۇر ھۆرمەت...چۈنكى ئۇلار بىز كىتاپقا كىرگۈزگەن رەسىملەرنىڭ ئەتىۋارلىق ساقلىغۇچىلىرى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بۇ ھۆرمەتكە مۇيەسسەر ئەلۋەتتە..چۈنكى ئۇلار بۇ رەسىمنى ئەينى يىللاردىن تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ھەم بىزگە يەتكۈزگۈچى...

11.ئۇندىن باشقا بەزى تارىخىي رەسىملەر ۋە ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگۈچى ھوشۇر ئاكا، موللا كېرەم ئابدۇرېھىم ئاكا...قاتارلىقلارغا رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار مەنبەسى

①«دۆربىلجىن تەزكىرىسى» خەنزۇچە بىر قانچە نەشىر قىسىملىرى.

②«جەلىپكار ئېمىل» ناملىق خەنزۇچە تارىخىي كىتاپ.

③«چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ تارىخى» خەنزۇچە نەشرى.

④ئابدۇجېلىل ئابلەم،تەلئەت ۋارىس يازمىسىدىكى «د.ن 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تارىخى» ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش نەشرى.

⑤«دۆربىلجىن 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخى» قازاقچە نەشرى (ئازاتلىقتىن كېيىنكى مەزمۇنى 1953 ـ 1986 )

⑥شۇنداقلا كىتاب مەزمۇنىدىكى ئايرىم ئىزاھ بېرىلگەن كىتاب ۋە ماتېرىياللار.

⑦ئابلەت مازىيوف نامىدىكى يازمىلار،چوڭلار ئەسلىمىسى قاتارلىقلار.(1991 ـ يىلى بىر قېتىم،2002 ـ يىلى بىر قېتىم مەكتەپ تەرىپىدىن رەتلەنگەن)

⑧دۆربىلجىن «پارتىيە ـ يەرلىك تارىخ ئىشخانىسى» تەمىنلىگەن بەزى رەسىملەر ئاساس قىلىندى.

# دۆربىلجىن ناھىيىسى توغرىسىدا

ناھىيىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چۆچەك دۆربىلجىن تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە، شەرقىي مېرىدىئان $83.24^{0}$~$85.10^{0}$ ، شىمالىي پاراللېل $46.09^{0}$~$47.03^{0}$ دائىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، جەنۇبتا تولى ناھىيىسى، شىمالدا چۆچەك شەھىرى، شەرقتە قوبۇقسار مۇڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جۇڭگو قازاقىستان چېگراسى 180



كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا. ناھىيىمىز چېگرا ئېچى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 123كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 87 كىلومېتىر، ئۇمۇمىي يەر مەيدانى 9531.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ،ناھىيىمىزنىڭ يەر مەيدانى شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايوننىڭ يەر مەيدانىنىڭ 0.6% ئىگەللەيدۇ.

ناھىيىمىزدە قازاق، خەنزۇ،ئۇيغۇر، مۇڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق 25 مىللەت ياشايدىغان بولۇپ 2012 ـ يىلدىكى ئۇمۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ ئادەم. يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىدىن ناھىيىمىزنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن قورشالغان، شىمال تەرىپى تارباغاتاي تاغ تىزمىسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى ئورقاشار تاغ تىزمىسى بىلەن،غەربىي جەنۇب تەرىپى بارلۇق تېغى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ،ئوتتۇرا قىسمى ئاساسەن تۈزلەڭلىك بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرچە ئېگىزلىك پەرقى 2852 ~ 455 مېترگىچە بولۇپ ناھىيىمىز دېڭىز ـ ئوكياندىن يىراق، پاراللېل گرادۇس بىر قەدەر يۇقىرى ، تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە.باھار پەسلى قىسقا،كۈزى قۇرغاق،ياز پەسلى ئىسسىق ھەم قىسقا،قىشى پەسلى سوغوق ھەم ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتورسى 5.5 سېلىتسىيە گرادۇس،ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 42 گرادۇس،ئەڭ يۇقىرى گرادۇس 41.7 سېلىتسىيە گرادۇس، يىللىق ئوتتۇرچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 270.8 مىللىمېتىر.

ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادى دېھقانچىلىق،چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان يېرىم چارۋىچىلىق،يېرىم دېھقانچىلىق رايون. ناھىيىمىزدە چارۋىچىلىقتىن باشقا ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن: بۇغداي،كۆممىقۇناق. پۇرچاق تۇرىدىكى زىرائەتلەر:مايلىق زىرائەتلەردىن قىچا،زاراڭزا قاتارلىقلار.ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن: قىزىلچا،ئۇرۇقلۇق تاۋۇز،پەمىدۇر قاتارلىقلار بار...يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ زامانىۋىيلىششى بىلەن بىللە يېڭى سانائەت تۈرلىرىدىن: دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سانائىتى، قۇرلۇش ماتىرىياللىرى سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى، ئېلىكتىر ئېنېرگىيە سانائىتى ۋە شىكەر، پەمىدۇر

پىششىقلاش سانائىتى، گۆش، سۈت مەسھۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى ھەمدە قول ـ ھۆنەرۋەنچىلىك قاتارلىق يېڭى سانائەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ ناھىيىمىز سانائىتىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى.

## ئاساسلىق تاغلاردىن



تارباغاتاي تېغى: ناھىيە چېگرا ئىچىدە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگراسىغا جايلاشقان، ئۇمۇمىي ئۇزۇنلۇقى 143 كىلومېتىر،يەر مەيدانى 2124 كۋادىرات كىلومېتىر دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز چوققىسى 2852 مېتىر، بۇ رايون ناھىيىمىزنىڭ تەبىئىي يايلىقى رايونى بولۇپ كەڭ كەتكەن ئېگىزلىك،ئوتلاق رايوننى ئاساس قىلىدۇ.



ئورقاشار تېغى: ناھىيىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان،دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2613 مېتىر،ناھىيىمىزنىڭ ئاساسلىق

www.uyghurkitap.com

دەريا ـ ئېقىنلىرى بولغان ئىمىل دەرياسى،مارالسۇ دەرياسى،ئاقسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى.ئوت ـ چۆپى مول،ئۆسۈملۈك تۈرلىرى خىلمۇ ـ خىل بولغان، قېيىن دەرىخى،قارىغاي،ئاق تېرەك قاتارلىق ئورمان بايلىقى مول بولغان «مىڭ بۇلاق يايلىقى» نى ئاساس قىلغان تاغ تىزمىسى.

## ئاساسلىق دەريالار



ئىمىل دەرياسى: ئىمىل دەرياسى ئورقاشار تېغىنى مەنبە قىلغان پەسىللىك دەريا بولۇپ ئۇزۇنلۇقى3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئورقاشار تېغىدىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشى، بۇلاق ئېقىنلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن قارا ئىمىل، سارى ئىمىل، جېلدە ئىمىل، مىڭ بۇلاق قاتارلىق تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلىشى بىلەن شەكىللىنىپ ناھىيە بازىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ قازاقىستان دۆلىتىنىڭ «ئالاكۆل» كۆلىگە قۇيۇلىدىغان خەلقئارالىق دەريا بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى دىيارىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەنبە بولغان «ئانا دەريا» دۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا كىچىكرەك دەريالاردىن ئاقسۇ دەرياسى، كۆكسۇ دەرياسى،مارالسۇ دەرياسى قاتارلىق يىللىق ئېقىن مىقدارى 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ ـ كىچىك 17 دەريا بار.

# مىللەتلەر توغرىسىدا

ناھىيىمىز كۆپ مىللەتلىك ناھىيە بولۇپ ناھىيە چېگراسى ئىچىدە 25 مىللەت ياشايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە نوپۇسى 5000 مىڭدىن ئاشىدىغان مىللەتلەردىن قازاق مىللىتى، خەنزۇ مىللىتى، ئۇيغۇر مىللىتى، موڭغۇل مىللىتى، خۇيزۇ مىللىتى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا روس مىللىتى، تاتار مىللىتى، قىرغىز مىللەتلىرىمۇ بار. قازاق مىللىتى، ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا،قەدىمدىن چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ جۇملىدىن قارا ئېمىل يېزىسى، ئۇچقاراسۇ بازىرى، شاڭخۇ بازىرى، كۇرتى يېزىسى، قۇيغانسۇ چارۋىچىلىق مەيدانى، سارى ئېمىل دېھقانچىلىق مەيدانى، كۇرە يېزىسى قاتارلىق جايلار بار،شۇنداقلا ئازاتلىقتىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى بازارلىشىش ئاساسىدا ناھىيە بازىرىدىمۇ زور سالماقنى ئىگەللىگەن ئاساستا ئورۇنلاشقان، خەنزۇ مىللىتى ناھىيە بازىرىغا، جاربۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانى، كۆشبېكى ئورۇقچىلىق مەيدانى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، مارالسۇ بازىرى قاتارلىق جايلارغا ھەمدە شەھەر بازىرىنى ئاساس قىلىپ جايلاشقان، ئۇيغۇر مىللىتى ئاساسلىقى شەھەر بازىرىغا ۋە شەھەر ئەتراپى يېزىسىغا جايلاشقان، خۇيزۇ مىللىتى شەھەر بازىرى ۋە ئەتراپتىكى يېزىلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. موڭغۇل مىللىتى ئاساسلىقى موڭغۇلكۆرە يېزىسى، ھەرقايسى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا،شەھەر ئەتراپى ۋە شەھەر ئىچىگە ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com



قازاق مىللىتى: مىلادىدىن بۇرۇنقى ساكلار، ئۇيسۇنلار، هونلار ۋە كېيىنكى تۈرك قەۋملەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللەت بولۇپ، چارۋىچىلىق مىللىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇرتىمىزنىڭ كەڭرى كەتكەن يايلاقلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت.

16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «قازاق» دېگەن بۇ ئىسىم بىر پۈتۈن قازاق قەبىلە ئىتتىپاقىغا كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ ئۇمۇمىي نامىغا ئايلانغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا،يەتتە سۇ، ئالتاي، تارباغاتاي تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم قازاق مىللىتى رايونىمىزنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونىغا كىرىپ بۇ رايونلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان شەھەرلىشىش، ئولتۇراقلىشىش ئېھتىياجىنىڭ تۇرتكىسىدە قازاق مىللىتى كەينى ـ كەينىدىن شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىغا ئورۇنلىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانماقتا... شۇنداقلا كۆپلىگەن قازاق مىللىتى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئېگىلىك تىكلىمەكتە. قازاق مىللىتى قەدىمىي يايلاق مىللىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمگەكچان، باتۇر، ئاقكۆڭۈل، ئەقىللىق بولۇپ ئۇلار يۇرتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا كۆپلەپ هەسسە قوشۇپ ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆز تۆھپىسىنى قوشماقتا ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قازاق مىللىتى ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرۈپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ياراتقان.

قازاق مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بايراملىرىدىن: قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، نەۋرۇز بايرىمى قاتارلىق بايراملىرى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىن: ئاقىنلار ئېيتىشىش، قىز قوۋار، ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىقلار بار. دومبىرا ۋە قوۋۇز تىپىك بولغان قازاق چالغۇ ئەسۋابى، بولۇپمۇ دومبىرا بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان «ئاقىنلار ئېيتىششى» قازاق مىللىتىنىڭ مەنىۋي مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ ئۇ مەملىكەتلىك غەيرى ماددىي ـ مەدەنىيەت مىراسىغا كىرگۈزۈلگەن.

ناھىيىمىزدىكى قازاق مىللىتىنىڭ 2012 ـ يىلدىكى ئۇمۇمىي نوپۇسى 74 مىڭ بولۇپ ناھىيە ئۇمۇمىي نوپۇسىنىڭ 45% ئىگەللەيدۇ.

خەنزۇ مىللىتى: خەنزۇ مىللىتى ئېلىمىزدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان مىللەت، مىلادىدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىللىرى خەن سۇلالىسى مەزگىللىرىدە چېگرا قاراۋۇللىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، 12 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قىدانلارنىڭ يولباشچىسى يوللۇغ



داشى[1]. ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى[2]قۇرغان مەزگىلدە ئاز بولمىغان خەنزۇلار بۇ قوشۇننىڭ تەركىبىدە ئېمىل دەرياسى ۋادىسىغا كىرگەن. 18 ـ ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار توپىلىڭىنى[3] باستۇرغاندىن كېيىنمۇ شەنشى، گەنسۇ، شەندۇڭ، خېنەن قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ مىللىتىدىن

[1]يوللۇغ داشي : ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دەسلەپكى لياۋ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى
[2]يوللۇغ داشي مىلادى يىللىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرغان خانلىق.
[3]جۇڭغارلار: مۇڭغۇل قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ «جۇڭغار» ئوڭ قانات دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

بولغان ھەربىيلەر ئېمىل دىيارىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

مىنگو دەۋرىدە تىيەنجىن، شەندۇڭ، شەنشى، خېنەن قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلار، سودىگەرلەرمۇ كەينى-كەينىدىن ئېمىل ۋادىسىغا كېلىشكە باشلىدى، ئازاتلىقتىن كېيىن چېگرانى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىچكىرىدىن دۆلەت پىلانلىق ئاساستا چېگرا رايونلارغا خەنزۇ مىللىتىنى يۆتكەپ تۇردى. ناھىيىمىزدىكى خەنزۇلار ئاساسلىق دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، سودا-سانائەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن تارىختىن بۇيان ئىجىل-ئىناق ئۆتۈپ ئۆزلىرىدىكى ئىلغار بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەسىر قىلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قازاق، ئۇيغۇر، مۇڭغۇل قاتارلىق يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ياخشى بولغان ماددىي ۋە مەنىۋىي ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك خەنزۇ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە، خەنزۇ مىللىتىگە قازاق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تائام مەدەنىيىتى ئۆزلۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ھازىرقى باسقۇچتا بۇ خىل ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تائام مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان.

خەنزۇ مىللىتىنىڭ 2012-يىلدىكى ناھىيىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 70 مىڭ ئادەم بولۇپ ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40% نى ئىگەللىگەن.

خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بايراملىرىدىن: باھار بايرىمى (يېڭى يىل بايرىمىياكى چاغان بايرىمى)، قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى، تاۋۇز چاغىنى، قاتارلىق بايراملىرى بار.

مۇڭغۇل مىللىتى: مۇڭغۇل مىللىتى 12-ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن رايونىمىزغا كىرىشكە باشلىغان،16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار،



تورغاۋۇت قەبىلىلىرى ئىمىل دەرياسى ۋادىلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تورغاۋۇت قەبىلىسى ئىمىل ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1777 ـ يىللىرى مۇڭغۇللارنىڭ چاخار قەبىلىسمۇ ئىلى رايونىدىن ئىمىل دەريا ۋادىسىغا كۆچكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تارتىپ مىنگونىڭ دەسلەپكى



مەزگىللىرىگىچە رايونىمىزدىكى مۇڭغۇللار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئازاتلىقتىن كېيىن مۇڭغۇل مىللىتىمۇ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بازارلىششقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار ناھىيىمىزدىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ،مەدەنىيەتلەرنىڭ رەڭدارلىقىغا ۋە ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە ۋە يۈرتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا دائىم تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. مۇڭغۇل مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بايراملىرىدىن چاغان بايرىمى، نادام بايرىمى، ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئات باشلىق غىجەك.....،نەي قاتارلىقلار بار.

مۇڭغۇل مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بايراملىرىدىن: باھار بايرىمى (يېڭى يىل بايرىمىياكى چاغان بايرىمى)،نادام بايرىمى قاتارلىق بايراملىرى بار.

خۇيزۇ مىللىتى: خۇيزۇ مىللىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىمىل ۋادىسىغا كەلگەن بولۇپ گەنسۇ،شەنشى،نىڭشىيا،چېڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ مىللىتىنى ئاساس قىلغان.ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ خۇيزۇ مىللىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



رايونىمىزغا كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى،خۇيزۇلار ئاساسلىقى سودا،يېمەك ـ ئىچمەك،قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك،دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خۇيزۇ مىللىتىنىڭ 2012 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 6000 ئادەم بولۇپ ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 3.7% ئىگەللەيدۇ.خۇيزۇ مىللىتى ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت،ئەنئەنە،ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ياراتقان مىللەت بولۇپ يۇرتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

خۇيزۇ مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بايراملىرىدىن: قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، قاتارلىق بايراملىرى بار.

## ئېمىل توغرىسىدا سۆز

«ئېمىل» دېگەن بۇ سۆز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ 10 ـ ئەسىردە يازغان « تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئىلى دەرياسى»،« ئېرتىش دەرياسى»،«سايرام كۆلى» يەر ناملىرى قاتارىدا ئىزاھلىنىپ ۋە تىلغا ئېلىپ ئۆتسە، « غەربىي يۇرت ئۇمۇمىي تارىخى» ناملىق كىتاپتا «ئېمىل» تۈركچە سۆز بولۇپ « ئامان، تىنىچ، پاكىز» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە بىر مەلۇماتلاردا «ئېمىل» دېگەن ئىسىمنى «ئانىنىڭ كۆكسى» دەپ ئىزاھلايدۇ، چۈنكى «ئېمىل» دېگەن بۇ سۆزدىكى «ئەم» دېگەن تۈپ سۆزگە «ئىل» دىن ئىبارەت پېئىل قوشۇمچىسى ئارقىلىق (ئەم+ئىل=ئېمىل) سۈت ئىمىش مەنىسىدىكى «ئېمىل» دېگەن سۆز ياسالغان. ئۇنىڭسىزمۇ مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ھونلار

دەۋرىدە ۋە 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيسۇن خانلىقى دەۋرىدە ھەمدە 8 ـ ئەسىرلەردىكى « قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى»[1] دەۋرىدىمۇ بۇ زېمىن ئاشۇ زېمىندىكى ھۆكۈمران مىللەت بولغان تۈركلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان، كېينكى دەۋرلەردىكى « قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى»[2] ۋە «قارا خانلار»[3] دەۋرىدىمۇ بۇ زېمىن شۇ خانلىقلارنىڭ تەسىرىدە ۋە باشقۇرۇشىدا ئىدى.

12 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى يوللۇغ داشى قۇرغان قىدان خانلىقى ( ياكى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ) 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مۇشۇنداق قارىغاندىمۇ قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز بۇ زېمىنغا «ئېمىل» دېگەن ئىسمنى يەنى «ئانىنىڭ كۆكسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمنى قويۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق، ھازىرمۇ تۈرك تىلىدا بىز بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان بالىلارنى «ئېمىلداش» دەپ ئاتايدىغان ئادىتىمىز بار، ئۇنىڭدىن باشقا ئېمىل دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى « قارا ئېمىل»، «سارى ئېمىل»، «جېلدى ئېمىل» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنۈپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەمدە ئېمىل دەرياسىنىڭ تارماقلىرىنى «مارالسۇ»، «كۆكسۇ»، «ئاقسۇ» دەپ ئاتاشنىڭ ئۆزىمۇ ساپ تۈرك تىلى ئەلۋەتتە...شۇڭا قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ تارىخي دەۋرلەردىكى بۇ زېمىندا ئوينىغان رولىغا قارىساقمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## دۆربىلجىن دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

[1] قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 744 ـ يىلى تاشقى مۇڭغۇلىيەدە بۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى.
[2] قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 850 ـ يىلى تۇرپان ۋە جىمسارنى مەركەز قىلغان خانلىق.
[3]قارا خانلار خانلىقى مىلادى 870 ـ يىلى قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان خانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«دۆربىلجىن» بۇ نام مۇڭغۇل تىلىدىكى « قورغان»، «تۆت تەرىپى تام» ياكى «تۆت تەرەپلىك»، «چاساتام» دېگەن مەنىدە بولۇپ بۇ نام چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ئۆگۆتەي (1186 ـ 1241) خان غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى يوقىتىپ ئېمىل ۋادىسىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئالغاندىن كېيىن



هازىرقى ئېمىل دەرياسى بويىدىكى قەدىمقى «ئېمىل شەھرى» نى ئىگەللەپ بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا سالدۇرغان ھەربىي قورغانغا قويۇلغان ئىسىم، بۇ جاينى «دۆربىلجىن» دەپ ئاتىغان. (بۇ قورغاننىڭ ئىزناسى يوقاپ كېتىپ توپا دۆڭ بولۇپ قالغان بولسىمۇ كونىلار ئۇ جاينى «كونا دۆربىلجىن» دەپ ئاتايتتى، ھازىر بۇ جايغا قورغان ۋە شەكىل قۇرلۇشى سېلىنىپ ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت ئورنى ۋە ئاسارە ـ ئەتىقە جاي بولۇپ قالدى)

يىللار ۋە زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ جايدىكى مۇڭغۇل چارۋىچىلار ۋە ئەتراپتىكى باشقا چارۋىچى مىللەتلەر مۇڭغۇل تىلى ئادىتى بىلەن بۇ جاينى «دۆربىلجىن» دەپ ئاتاپ «دۆربىلجىن» نامى ئۆزلىشىشكە قاراپ يۈزلەنسىمۇ «ئېمىل» نامى دەريا نامى بىلەن ساقلىنىپ كەلدى ھەمدە خەنزۇ تىلىدا بۇ نام يەر نامى بولۇپ قېلىۋەردى، 1918 ـ يىلى يۇرتىمىز ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا خەنزۇ تىلىدا «额敏» دېگەن، بۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى (كونا تۈرك تىلىدىكى) خەنزۇچە ناھىيە نامى بولسىمۇ مىللىي تىلدا بۇ ناھىيە «دۆربىلجىن» دەپ ئاتىلىپ كەتتى...

# ئېمىل شەھرى قورغىنى (سېپىلى) توغرىسىدا

ئېمىل شەھرى قورغىنى (سېپىلى): ئېمىل ۋادىسى «يىپەك يولىنىڭ» شىمالىي يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق ئۆتكەلىنىڭ ھالقىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ جايدا نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر بىللە تۇراقلىق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرمۇ بار دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئېمىل دەريا ۋادىسى چارۋىچىلىققا ماس كېلىشى بىلەن بىللە



ھەرخىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشكىمۇ باپ كېلىدىغان بولۇپ، شۇڭا كونىلاردا بۇ يۇرتقا « نىمە سانجىپ قويسا شۇ ئۆسىدۇ....» دەيدىغان تەمسىل بار، بەزى تارىخي ماتېرىياللاردا «ئېمىل» قەدىمدە كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ 7 ـ ئەسىرلەردىكى «يازلىق پايتەختى» بولغان دىگەن مەلۇماتلار بار...بۇنىڭدىن بىز شۇ دەۋىردىلا تۈركلەر ئىتتىپاقى تارمىقىدىكى سوغدىلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، قول ھۆنەر ۋە ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ شەھەر ئاساسىنى سېلىشقا باشلانغانلىقىنى تۇراقلاشتۇرىمىز، چۈنكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىدىكى يۇرتىمىزنىڭ ئالتاي بىلەن بولغان ئارلىقى 500 كېلومېتىر، غەربىدىكى قەدىمي يۇرت « ئالمىلىق شەھرى» ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسى بىلەن بولغان ئارلىق 600 كېلومېتىر، جەنۇپ تەرىپى كەڭ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جۇڭغار ئويمانلىقى، مۇشۇ دائىرىدە مۇقىم تۇرالغۇ ئاساسىدىكى شەھەر ياكى بازار بولماسلىقى تارىخىي رېئاللىق ئەمەس ئەلۋەتتە......

شۇڭا كېيىن ئېيتىيالايمىزكى « يىپەك يولى» تازا گۈللەنگەن مەزگىللەردە بۇ جايدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىش باشلانغان تارىخىي خاتىرلەردە («جەلىپكار ئېمىل» ناملىق كىتاپنىڭ 13 ـ بېتىدە ) 1130 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قارا قىدان خانلىقىنىڭ ۋارىسى يوللىغ داشى ئېمىل دەريا ۋادىسىغا سىڭىپ كىرىپ ئېمىل ۋادىسىنى ئۆزىنىڭ تۇراقلىق ئورنى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇ چاغدا بۇ جايدا ئەمىلىي ئىشلىتىلىشچانلىقى ئىگە شەھەر بار...» ) دەيدۇ.بۇنىڭدىن بىزنىڭ يۇقارىقى كۆز قارىشىمىز بىر قەدەر ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ. 1132 ـ يىلى يوللۇغ داشى «ئېمىل شەھىرى» دە خانلىق قۇرۇپ تەختتە ئولتۇرىدۇ،بۇ تارىختا «كېيىنكى لياۋ»،«غەربىي لياۋ»،«قارا قىدان خانلىقى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ ( شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىيالغا قارالسۇن) ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىركىشىش باسقۇچى ھەمدە  قارا خانلار خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ.(شۇ توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالغا قارالسۇن)

دېمەك،بۇ مەزگىلدە «ئېمىل شەھىرى» خېلى ياخشى ۋەزىيەتكە كىرگەن بولۇپ بۇ شەھەرگە ئاھالىلەر كۆپلەپ ئورۇنلىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان ۋە ئېمىل ۋادىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى كۆلەملىششكە باشلىغان.(« جەلىپكار ئېمىل» نامىلىق كىتابنىڭ 14 ـ ۋارىقىدا») كېيىنكى مەزگىللەردىكى لياۋ سۇلالىسى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرسىدىكى ئۇرۇش ۋە لياۋ خانلىقى بىلەن قارا خانلار خانلىقى بىلەن بولغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا بۇ شەھەرمۇ بىر مەزگىل ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ چۆلدەرەپ كەتكەن بولسىمۇ 1219 ـ يىلدىن كېيىنى چىڭگىزخان

ئىستىلاسى[1] ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن سۇلالىلەرنى تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچۈرۈپ مۇڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئېمىل ۋادىسى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇگتەينىڭ (1186 ـ 1241) تەسىر دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇگۇتاي دەۋرىدە ئېمىل شەھىرى باشقىدىن ھاياتى كۈچكە تولۇپ سودا كارۋانلىرى ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار، قىدىنلار ،مۇڭغۇللار ،خەنزۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەمدە سودا راۋاجلانغان دەۋرگە قەدەم قويىدۇ. ( «جەلىپكار ئېمىل» ناملىق كىتاپنىڭ 20 ـ ۋارىقى) دەۋرلەر ئۆتۈپ « چاغاتاي خانلىقى»[2] مەزگىلىدە ئېمىل ۋادىسى چاغاتاي خانلىقى تەسىر دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتتى ،دېمەك ،تارىخنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان دولقۇنلىرىدا دىيارىمىز ئېمىل ۋادىسمۇ يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن گۈللىنىپ ،خاراپلىشىش بىلەن سۇكۇت ئىچىدە قېلىپ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇپ كەلدى......لېكىن ھاياتلىقىنىڭ رىشتى بولغان سودا كارۋانلىرى بۇ زېمىندا توختاۋسىز ھەركەتتە بولۇپ تۇردى... 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ زېمىن جوڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولدى، مۇشۇ مەزگىلدە جوڭغار ھۆكۈمرانلىقى بۇ ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇننىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ ئابدۇل تارىخان[3]قۇماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ،مۇڭغۇل قوشۇنىدىن نەچچە مىڭ ئادەمنى بۇ جايغا ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە ئابدۇل تارىخان (ئۇيغۇر) قۇماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1654 ـ يىلى شەھەر قورغىنى ( شەھەر سېپىلى) قۇرۇشقا باشلىدى. («جەلىپكار ئېمىل » 84 ـ بەت)...

بۇ شەھەر قورغىنى (سېپىلى) جەنۇپتا ھازىرقى «ئاغىلىق يولى»، غەربتە «دۆڭ

[1] چىڭگىزخان ئىستىلاسى: چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋرۇپاغىچە بولغان 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ھەربىي يۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

[2]چاغاتاي خانلىقى: چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان خانلىق بولۇپ شىنجاڭ ۋە قازاق دالاسى رايونىنى كۆرسىتىدۇ.

[3]ئابدۇللا تارىخان: تاراخان قەدىمىي ئەمەل نامى بولۇپ سۆيۈرغال قىلىنغان زېمىنغا ئىگە،ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بەگ ياكى ئەمەلدار مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەھەللە»، شەرقتە «مېھمان كۈتۈش يولى»، شىمالدا «زاراڭزا گۈلى يولى» دائىرسىدىكى تۆت چاسا شەكىلدىكى ( بىر بۆلىكىدا ھازىرقى كونا يېزا ئېگىلىك بانكا بىناسى، يەنە بىر بۆلۈكىدا ھازىرقى كۆچمە خەۋەرلىشىش بىناسى،يەنە بىر بۆلۈكىدا دۆڭ مەھەللە شىمالىي كوچا ئېغىزى، يەنە بىر بۆلۈكى ھازىرقى قازاق مەسچىت دائىرىسى) ئايلانما ئۆزۈنلىقى بولغان ھەقىقىي مەنىدىكى شەھەر سېپىلى ئىدى. بۇ سېپىل توپا قۇرۇلمىلىق بولۇپ ئاستىنىڭ كەڭلىكى 8 ـ 10 مېتىر، ئۈستىدە ئاتلىق ئەسكەر چارلاش ئېلىپ بېرىشقا لايىقلاشتۇرۇلۇپ قۇرۇلغان ھەمدە كۆزىتىش مۇنارى ئورنىتىلغان ئىدى.( « جەلىپكار ئىمىل » دېگەن كىتابىغا قارالسۇن) بۇ سېپىلنىڭ سوقۇلىشى ۋە ئابدۇل تارىخان قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ بۇ جايدا تۇرىشى بۇ جايدىكى دېھقانچىلىق،سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا باشقىدىن تۈرتكە بولدى.( چۈنكى نەچچە مىڭ كىشلىك قوشۇننىڭ شۇ دەۋردىكى ئائىلىسى بىلەن ئائىلىسى كۆچۈپ كېلىدۇ ــــ ئاپتوردىن) شۇنىڭ بىلەن شەھەر سېپىلىنى مەركەز قىلغان ئاھالىلەر ۋە مەھەللىلەر پەيدىن ـ پەي كېڭەيدى، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر، جەنۇپ،شىمالدىن ئۆزلۈمەي كېلىپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرى بۇ جايدا تۇرلۇك كەسىپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى،( چارۋىچى مىللەتلەر ئۇلارنى «سارت» دەپ ئاتايتتى) خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت سودىگەرلىرىنىڭ ئايغى ئۈزۈلمىگەن ۋە باشقىدىن سودا ۋە ئالاقە تۈگۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى (مەيلى بۇ دەۋرلەردە توختىماي داۋاملىشىپ تۇرغان ھاكىمىيەت ئالمىشىشى بولسىمۇ ...ئاپتۇردىن)

1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە قازاق مىللەتلىرى بۇ جايغا يەنە ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان ( «جەلىپكار ئىمىل» ناملىق كىتابنىڭ 84 ـ بېتىدە) ۋە بۇ مىللەتلەر

ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن شۇغۇللانغان. 1769 ـ يىللار چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى ( ئاساسلىقى «خوجىلار» توپىلىڭىدىكى[1] پالانغانلار ئىدى. . .ئاپتوردىن) كۆچۈرۈپ كەلگەن. 1803 ـ يىللىرى بىر تۈركۈم خەنزۇلار ئىلى رايونى ۋە ئۈرۈمچىدىن رايونىمىزغا كۆچۈپ كەلدى.

دىمەك، شەھەر سېپىلىنى مەركەز قىلغان «بازار» نىڭ شەكىللىنىشى يۇقارقىدەك تارىخىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. شەھەر سېپىلى كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ شەھەر قورغىنىلىق رولىنى يوقۇتۇپ بازارنىڭ كېڭىيىشى بىلەن يىللار بورىنىنىڭ تەسىرىدە خارابىغا ئايلاندى.( بىز بالىلىق مەزگىللىرىمىزدە بۇ سېپىلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يوقالغان بولسىمۇ. . .لېكىن ئەينى دەۋىردىكى بەزى ئىزنالار بار ئىدى: ئاپتوردىن) بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھەمدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تارتىپ شەھەر بازار قۇرلۇشىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندا بۇ قەدىمكى شەھەر سېپىلى « دۆڭ مەھەللىدىكى» ئەڭ ئاخىرقى «دۆڭ» بولۇپ قالدى.

دىمەك،17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرسىدا سېلىنغان ئابدۇتارىخان قۇماندانلىقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، مۇڭغۇل ئاتلىق قوشۇنى سوققان بۇ شەھەر سېپىلى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاستا ـ ئاستا تارىخ قاينامىلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ شەھەر قۇرۇشى ۋە مۇستەھكەملەش ئىشىغا قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. . .

[1] خوجىلار توپىلىڭى: 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرسىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچار،قەشقەر،ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# يۇرتىمىزدىكى تارىخىي ئىزنالار ۋە ساياھەت ئورۇنلىرى

## قىيا تاش رەسىملىرى توغرىسىدا

ناھىيىمىز چېگراسى ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ ئورۇندا قىيا تاش رەسىملىرى بايقالغان بولۇپ بۇ قىيا تاشلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ يالدامىسى،شۇ دەۋرنىڭ كارتىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور بولغان تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

قارا ئېمىل قىيا تاش رەسىملىرى: ئۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 65 كېلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا ئېمىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى ئورقاشار تېغى ۋە قايقان تېغىنىڭ چېگراسىدىكى تاغ قاپتىلىدا بولۇپ،تاغ قاپتىلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن تۆۋەن تەرىپىگىچە نەچچە ئون پارچە قىيا تاشقا ئويۇلغان



رەسىملەر تويىنى كۆرسىتىدۇ.ئۇلارنىڭ ئويۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا بەزى رەسىملەر بىر پارچە تاشقا،بەزى رەسىملەر رەتلىك ھالدا قىرىق نەچچە قىيا تاشقا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە رەت تەرتىپى بىلەن ئويۇلغان.ئۇمۇمىي كۆلىمى 160كۇۋادرات مېتىر بولۇپ 200 پارچىدىن ئارتۇق رەسىملەر توپى بار،بۇ قىيا تاش رەسىملىرى پارقىراق،قارا تاشلارغا ئويۇلغان بولۇپ ئاساسلىقى ھايۋاناتلارنى ئوبيېكت قىلىپ

ئات،كالا،قوي،تۆگە،بۆرە،ئىت ۋە ئادەم پورترېتى،قۇشلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن.بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىكرەك بىر رەسىمدە ئات مىنگەن بىر ئادەمنىڭ بىر توپ قوي ۋە بىر ئىتنى ئەگەشتۈرگەن ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ ئادەمگە مول بولغان قەدىمي چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى ئەسلىتىدۇ.



جاربۇلاق قىيا تاشلىرى: بۇ قىيا تاش رەسىمى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالغا 58 كىلومېتىر جايىدىكى جاربۇلاق تېغىدا بولۇپ تاغ قاپتىلىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى نەچچە ئون پارچە سۇس قارا قىيا تاش پارچىلىرىغا ئويۇلغان.بۇ قىيا تاش رەسىملىرى چوڭقۇرراق ئويۇلغان بولۇپ قوڭۇر رەڭدە.مەزمۇن جەھەتتىن قارا ئېمىل قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ،ئاساسلىقى بۇغا،ئات،قوي ۋە بىر قىسىم ئۇچار قاناتلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن.



بىيت بۇلاق قىيا تاش رەسىملىرى: بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ئورقاشار تېغىنىڭ بىيت بۇلاق تېغى قاپتىلىدا بولۇپ، بۇ جايدا ئۇزۇنلۇقى 2.1 مېتىر،كەڭلىكى 1.4 مېتىر، كۆلمى 2.94 كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان پارقىراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىيا تاشتىكى 18 پارچە رەسىم بولۇپ،ئويۇلۇشى ئانچە چۇڭقۇر ئەمەس،قوڭۇر رەڭ ئاساس قىلىنغان،ئادەم،ئات،قوي،گۈل ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئوبرازى ئىپادىلەنگەن.

دىمەك، يۇقارقى قىيا تاش رەسىملىرى مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا بۇ جايدا چارۋىچىلىق ۋە ئىجتىمائىي هايات بىلەن شۇغۇللانغان مىللەتلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئوبرازلىق رەسىم بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ تىپىك ئىپادىسى هەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ هازىرغىچە ئىككى،ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

## ناھىيىمىزدىكى بالبال تاشلار

بالبال تاشلار توغرىسىدا چۈشەنچە: بالبال تاشلار رايونىمىز كەڭ يايلاقلىرىغا تارقالغان جۈملىدىن ئىلى ۋادىسى يايلاقلىرى،باركۆل يايلاقلىرى،جىمسار يايلاقلىرى ۋە تارباغاتاي يايلاقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان تاش هەيكەللەر بولۇپ بۇ تاش هەيكەللەرمۇ ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مول تارىخي قىممەتكە ئىگە مەدەنىي يادىكارلىقلاردۇر.



باي مىرزا تاش ئادىمى: ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 118 كىلومېتىر كېلىدىغان، باي مىرزا چېگرا پونكىتىنىڭ[1] غەربىگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر، قېلىنلىقى 0.3 مېتىر بولغان ئەر ئادەمنىڭ تاشقا ئويۇلغان پورتېرتى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، بۇرۇن ۋە يۈز قىسمى سوپچاق كەلگەن ھالەتتە.



بېرىك قالا تاش ئادىمى: بۇ تاش ئادەم مىڭ بۇلاق يايلىقىنىڭ جەنۇبىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا قويۇلغان ئېگىزلىكى 3.22 مېتىر،كەڭلىكى 0.47 مېتىر، قېلىنلىقى 0.29 مېتىر بولغان ئەر ئادەمنىڭ باش سۈرىتى بولۇپ ئاستىغا خەت ئويۇلغان.

كۆكتال تاش ئادىمى: بۇ ھەيكەل ھازىرقى خوجىرتى مۇڭغۇل مىللىي ئاپتونوم يېزىسىنىڭ كۆكتال دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ قىزىل بالبال تاشقا ئويۇلغان ئەر ئادەمنىڭ پورتېرتى بولۇپ پىشانىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چېچى ئايرىلغان (قەدىمكى تۈرك قاتارلىق چارۋىچىلىق مىللەتلەرنىڭ چاچ قويۇش



[1] باي مىرزا چېگرا پونكىتى: ناھىيىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھازىرقى قازاقىستان بىلەن بىۋاستە چېگرىلىنىدىغان قەدىمىي ئۆتەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكى...)،ئۆرۈمە ساقاللىق، قۇلىقىغا بىرجۈپ ھالقا ئېسىلغان، ئوڭ قولى كۆكسىگە قويۇلغان،سول قولى بېلىدىكى كىچىك پىچاق غىلىپىنى تۇتقان شەكىلدىكى ئېگىزلىكى 1.15 مېتىر، كەڭلىكى 0.5 مېتىر. يەنە بىر ھەيكەل كۈلرەڭ بالبال تاشقا ئويۇلغان بولۇپ غەرب تەرەپكە قارىغان، يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئۇگىزلىكى 0.92 مېتىر،كەڭلىكى 0.43 مېتىر. بۇ بىر جۈپ تاش ھەيكەلنى شۇ جايدىكى خەلق قەبرە بېشىغا قويۇلغان ئابىدە دەپ قارايدۇ.

يۇقىرقى بالبال تاشلار مىلادىدىن ئىلگىرى-كېيىنكى بۇ جايدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ئۆز قەۋمىلىرىدىكى ئابرويىغا ئىگە قەھرىمانلىرى،شاھزادىلىرى،پادىشاھلىرىغا ئاتاپ تىكلىگەن ئابىدىلىرى بولۇپ، رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا تېپىلغان شۇ خىلدىكى بالبال تاشلار بىلەن ئوخشاش مەزمۇنغا ئىگە،تەتقىقاتچىلار بۇ تاشلارنى ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارايدۇ.

## قەدىمكى قەبرىلەر

جىلانتىر قەبرىسى: بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق قارا ئېمىل يېزىسىنىڭ جىلانتىر تېغىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ ئۇمۇمىي ئالتە تۇپا قەبرىدىن ئۈچتىن ئىككى قاتار قىلىپ قويۇلغان،جەنۇپتىن شىمالغا قاتار تىزىلغان بولۇپ ئەڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق بۇ قەبرىلەر ئۇيسۇن خانلىقى دەۋرىدىكى قەبرە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ئوبالى قەبرىلەر توپى: بۇ قەبرە شاڭخۇ يېزىسى چېگراسى ئىچىدە ئۈچ قەبرىدىن تەشكىل تاپقان، جەنۇپتىن شىمالغا تىزىلغان قۇمساڭ تۇپا ۋە شېغىل

قۇرۇلمىلىق بولۇپ ئەڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر،ئۇزۇنلۇقى 28 مېتىر.

ئۇمۇمەن ناھىيىمىز چېگرا ئىچىدىكى ھازىرغىچە ئارخېئولوگىيىلىك بۇ تەكشۈرۈشلەردىن ھەر خىل پار ـ پۇر قاچىلار،سۆڭەكتىن ياسالغان،مىستىن ياسالغان،تاشتىن ياسالغان ۋە ئەينەكتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى تېپىلغان بولۇپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈشتە بۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 700 ـ يىللاردىن، 500 ـ يىللارغىچە ئارلىقتىكى مۇشۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەۋملەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى،بولۇپمۇ ناھىيىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى «تۆمۈرتام» رايونى تاغ قاپتىلىدا تېپىلغان مىس ئەينەك، ئەينەك شارچىلار تارىم ئويمانلىقى بوستانلىقىدىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى ئاسارە ـ ئەتىقىلەر بىلەن دەۋرداش ھەم تارىخي يىلتىزداش بولۇپ بۇ خىل شەكىلدىكى ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا تۇنجى بايقىلىشى بولۇپ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نۇقتىلىرى

يۇرتىمىز ئۆزىگە خاس بولغان ئېكولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.



ئېمىل دەرياسى ئېكولوگىيەلىك باغچىسى: بۇ قۇرۇلۇش 2009 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم،ھۆكۈمەت 200 مىليون يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا

www.uyghurkitap.com

تارمىقنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىدا قۇرۇلغان باغچە بولۇپ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتىر،ئۇمۇمىي كۆلىمى 70 مىڭ كۇۋادرات مېتىر بولغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بىلەن مەنزىرە قۇرۇلۇشى ئېكولوگىيىسى بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى دەۋردىكى ناھىيمىزنىڭ كۆزنەك قۇرۇلۇشىغا ئايلانغان ساياھەت نۇقتىسى بۇ قۇرۇلۇش 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 4A دەرىجىلىك ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلانغان.بۇ ساياھەت نۇقتىسى دەۋر مەيدانى،مىللەتلەر باغچىسى،باللار ئىستىراھەت رايونى،ياشلار باغچىسى قاتارلىق رايونلارغا بۆلۈنگەن،ناھىيمىز خەلق ئاممىسىنىڭ دائىملىق پائالىيەت سورۇنى ھەم ساياھەت نۇقتىسى.

تارىخىي يالداما «دۆربىلجىن كۇلۇبى» : 1930 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ناھىيمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلدى،شۇنىڭ بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان خەلقنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى مەركەزلەشكەن پائالىيەت مەركىزىنى قۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى.شۇنىڭ بىلەن 1935 ـ يىلى كېرىمخان غوپۇر ھاجى ناھىيمىزگە



ھاكىم بولغاندا پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ناھىيە بازىرى مەركىزىدىن يەر ئاجرىتىپ ئونۋېرسال پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۇلۇب سېلىشقا باشلىغان بولۇپ بۇ ئىشقا يەرلىك ھۆكۈمەتتىن تاشقىرى ئۇمۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن.بۇ مەدەنىيەت مەركىزى ئەينى دەۋردىكى ھەتتا يېقىنقى مەزگىلدىكى پۈتۈن

شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان زامانىۋىي مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى نامايەندىسى.بۇ مەدەنىيەت مەركىزى روس ئۇسلۇبى بويىچە تاش،سېمونىت،ياغاچ قۇرۇلمىلىق،قىزىلتاش كېسەك ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنغان كەڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىك، تۆپىسى ئۇچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى قاڭالتىر ئۆگزىلىك، ئىچكى قۇرۇلمىسىدا كىنو قويۇش ئۆيى ۋە ئايرىم دەم ئېلىش زالى، پائالىيەت مەركىزىدە ئورۇندۇقلار ئالدى ـ كەينى تەڭلىشىپ،كۆرۈش نۇقتىسى توغۇرلانغان.سەھنە ئىككى يېنىغا كىيىم ئالماشتۇرۇش ۋە دېكراتسىيە ئالماشتۇرۇش ئورۇنلىرى بار بولغان، سەھنە تۆپىسىدە مەخسۇس پەردە ئالماشتۇرۇش، چىراق ئالماشتۇرۇش سېستىمىسى بار 500 ئادەملىك زامانغا لايىق ئورۇندۇقلىرى بار.يەر يۈزىدىن 3،4 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ سېلىنىپ پوللىق ئاساسى بار بولغان ھەيۋەتلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلغان، پۈتۈن يۇرتىمىز مەدەنىيەت تارىخىدا پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. بۇ ئىشقا يۇرتىمىزدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەم قاتناشقان بولۇپ خالىسانە ئەمگەك قاتارىدا تاغدىن ياغاچ،تاش ئەكېلىش، قۇرلۇش ئىشىنىڭ تۆمۈرچىلىكىنى مەخسۇس ئىشلەش (جۈملىدىن سەلىياخۇن تۆمۈرچى) قۇرلۇش ئىشلىتىش ئىشلىرىغا ئۇستاملار (جۈملىدىن زاھىد ئۇستام) بىۋاستە قاتناشقان...ھەممە بۇ ئەھمىيەتلىك قۇرلۇش شۇ مەزگىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىمۇ خالىس ياردەمدە بولۇش ۋە كۈندە بىر قېتىم بېرىپ كۆرۈپ كېتىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان....

دۇمەك خەلقىمىزنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى، بىۋاستە كۈچ چىقىرىشى،ھۆكۈمەت ئۈيۈشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن بۇ زامانىۋىي مەدەنىيەت ئونىۋېرسال قۇرلۇشى 1936 ـ يىلى پۈتۈن ئىشلەشكە تاپشۇرۇلغان...بۇ مەدەنىيەت كۇلۇبى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتلەر ئۇچۇرشىشدىكى مەركىزگە ئايلىنىپ 1990 ـ يىللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئىشلىنىش قىممىتىنى ساقلاپ 1990 ـ يىللاردىن كېيىنكى چېقىش،ئۆزگەرتىش شامىلىنىڭ تەسىرىدە تارىخىي ۋەزىپىنى مەجبۇرىي ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى.لېكىن خەلقىمىز ھازىرغىچە ئاشۇ تارىخىي ئابىيدە بولۇشقا تېگىشلىك قۇرلۇشىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى 1500 ئادەملىك يازلىق كىنو ـ تىياتىرخانىنى،ئەتراپتىكى ئەسىرلىك تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى قارىياغاچلىق باغچىنى،ئازادە،كەڭ مەيدانىنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ تۇرىدۇ...

ناھىيىلىك موزىيخانا: بۇ موزىيخانا 2009 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىشقا كىرىشتۇرۇلگەن، ئۇمۇمىي قۇرۇلۇش 1006 كۇۋادىرات مېتىر، بۇ موزىيخانا: تارىخ بۆلۈمى، مىللەتلەر ئۆرپ ـ ئادەت بۆلۈمى، سىياسىي قۇرلۇش بۆلۈمى، نەتىجە ۋە ساياھەت بۆلۈمى قاتارلىق بەش بۆلۈمگە بۆلۈنگەن. موزىيخانىدا ناھىيىمىزدىن تېپىلغان ئىپتىدائىي تاش ـ قۇراللار،ساپال بۇيۇملار، مىس بۇيۇملار دەۋرىدىن تارتىپ تۆمۈر قۇراللار دەۋرىگىچە،ھەمدە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر ۋە بۇ جايدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى،ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشى گەۋدىلەنگەن قېزىلمىلار قويۇلغان.بولۇپمۇ مىستىن ياسالغان چىراق تېگى ۋە مىخ، بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا قاتارلىقلار گەۋدىلىك بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدىكى قىزىل مىستىن ياسالغان قاچا پارچىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مىستىن ياسالغان ئاسارە ـ ئەتىقە بولۇپ قالغان.ئۇندىن باشقا موزىيخانىدا يەنە ناھىيىمىزنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن مول مەزمۇنلۇق چۈشەندۈرۈش ۋە كارتىنىلار بار بولۇپ بۇ موزىيخانا ھازىر ناھىيىمىزنىڭ مەنىۋىي ـ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك،تەربىيە قۇرلۇشىنىڭ كۆزنىكىگە ئايلانغان.

مىڭ بۇلاق يايلىقى: بۇ يايلاق ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورقاشار تېغىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان يايلاق بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2300 مېتىر، يىللىق



ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 15 سېلتسىيە گرادۇس،يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 550 مىللىمېتىر بولۇپ تېپىك ئېگىزلىك يايلىقى بولغاچقا باشقىلار ئۇنى «بۇلۇت ئۇستىدىكى يايلاق» دەپ تەرپلەيدۇ. بۇ يايلاقنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئېكولوگىيىسى تەبىئىي،ئوت ـ چۆپى قۇۋۋەتلىك،مول بولغانلىقى ئۈچۈن ناھىيىمىزنىڭ مۇھىم چارۋىچىلىق بازىسى ھەم كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت نۇقتىسى شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئېگىزلىك يايلىقى.

باي مىرزا ساياھەت رايونى: بۇ رايون ناھىيىمىزنىڭ شەرقىگە 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جۇڭگو ـ قازاقىستان



چېگراسى پاسىلىغا جايلاشقان،مەنزىرىسى گۈزەل،ساياھەت نۇقتىلىرى مول بولۇپ «تېگى يوق كۆل»،«يايلاق تاش ئادىمى» قاتارلىق نۇقتىلىق كۆرۈنۈشلەر گىرەلىشىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەبىئىي يايلاقتىن ئىبارەت. بۇ يايلاق توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن.ئاساسلىق ساياھەت مەزگىلى ياز مەزگىلىگە يەنى 6 ـ ،7 ـ ئاي مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ.

ئېمىل قار تېيىلىش مەيدانى: بۇ قۇرلۇش 2011 ـ يىلى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ سېلىنغان بولۇپ يەر مەيدانى 615 مو دائىرىدە،ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل دەرىجىگە بۆلۈنگەن قار تېيىلىش نۇقتىسى،1000 مېتىردىن،500 مېتىرغىچە قار تېيىلىش مەيدانى بولغان قىشلىق ئونىۋېرسال ئىستىراھەت ئورنى.بۇ جاينىڭ ئۇل ـ ئەشيا قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشكەن بولۇپ دۆلەت ئىچى ـ تېشىدىكى ئىلغار بولغان قىشلىق كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلگەن،تائام مەدەنىيىتى،كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدە قىلىنغان شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئەڭ چوڭ قار تېيىلىش مەيدانى.




ياۋا ئالملىق ساياھەت رايونى:

بۇ مەنزىرە رايونى قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ ياۋا ئالما، دولانا، تاغ گۈللىرى، قېيىن دەرەخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن



سۇ،تاغ بىرگەۋدىگە ئايلانغان يۇرتىمىزدىكى مەشھۇر ساياھەت نۇقتىسى. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس مەنزىرە شەكىللەندۇرگەن.يەرلىك تائام مەدەنىيىتى،ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان ناھىيىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نۇقتىلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرى.ئورمانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن «ئاسىيا بويىچە ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان ياۋا ئالمىلىق» دىگەن نامى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېمىل ۋادىسىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار تارىخي مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇپ مىلادىدىن ئىلگىرى هونلار ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبى قىسمىدا ۋە مىلادىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە پائالىيەت قىلغان بولۇپ ئاساسلىق پائالىيەت دائىرىسى مۇڭغۇل يايلاقلىرى، ئالتاي ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇپ شىمالىدا شۇنداقلا تەكلىماكان ئويمانلىقى گىرۋەكلىرىدە ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخي خاتىرلىرىدە «دىلار، خۇلار» دەپ ئاتالسا، خەن، تاڭ سولالىسى مەزگىلىدە «خۇي خى»، «خۇي خو»[1] دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان ئىدى.(يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «ۋي ۋۇ ئېر» دەپمۇ ئاتالغان) تارىخى خاتىرلەر ۋە تاشقى مۇڭغۇلىيىدىكى «تاش ئابىيدىلەر»[2] دىكى خاتىرلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار مىلادى 744-يىلى تۈرك قەۋمىلىرى توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ۋە تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ مۇڭغۇل دالاسىدا تارىختا «قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى» دىگەن خانلىقنى قۇرغان. ئۇيغۇر خانلىقى شۇ مەزگىلدىكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق ئىتتىپاقتا بولۇپ سىياسى-ئىقتىساد،ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇش جەھەتتە ناهايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئۆزىگە خاس يايلاق ۋە شەھەر مەدەنىيەتلىرى گىرەلەشكەن پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان.

مىلادى 840-يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى» ئىچكى زىددىيەت ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلى ئاجىزلىشىپ شۇ مەزگىلدىكى يېڭىدىن كۈچەيگەن قىرغىز قەبىلىلىرى بىلەن

---

[1] «回纥»، «回鹘»

[2]تاش ئابىيدە : مەڭگۈ تاشلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.ئۇلاردىن كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى،تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى قاتارلىقلار مەشھۇر بولۇپ هازىرقى تاشقى مۇڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىكى قەدىمىي تۈرۈك تاش يازما خاتىرلەردۇر.